# ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچىسى خورما قۇرىتىدىغان جايدا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كەتتى، يەنە ئۇقۇسا ئېتى يەنە ئۈركىدى، يەنە ئوقۇسا يەنە ئۈركىدى، ئۇ: «ئاتنىڭ ئوغلۇم يەھيانى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاتنىڭ يېنىغا باردىم، قارىسام بېشىمنىڭ ئۈستىدە چىراقىقا ئوخشاش بۇلۇتلار تۇرۇپتۇ، ئۇ بۇلۇتلار يۇقىرىغا ئۆرلەپ كەتتى، كېيىن كۆرەلمىدىم» دېدى

ئەبۇ سەئىيد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچىسى خورما قۇرىتىدىغان جايدا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كەتتى، يەنە ئۇقۇسا ئېتى يەنە ئۈركىدى، يەنە ئوقۇسا يەنە ئۈركىدى، ئۇ: «ئاتنىڭ ئوغلۇم يەھيانى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاتنىڭ يېنىغا باردىم، قارىسام بېشىمنىڭ ئۈستىدە چىراقىقا ئوخشاش بۇلۇتلار تۇرۇپتۇ، ئۇ بۇلۇتلار يۇقىرىغا ئۆرلەپ كەتتى، كېيىن كۆرەلمىدىم، ئەتتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ: <ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن تۈنۈگۈن كېچە خورمۇلۇقتا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز ئېتىم ئۈركۈپ كەتتى» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىبنى ھۇدەير! ئوقۇ» دېدى، مەن «ئوقۇدۇم، ئېتىم ئۈركۈپ كەتتى» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىبنى ھۇدەير! ئوقۇ» دېدى، مەن «ئوقۇدۇم، ئېتىم ئۈركۈپ كەتتى» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىبنى ھۇدەير! ئوقۇ» دېدى، ئۇ: «مەن ئاتنىڭ ئوغلۇم يەھيانى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاتنىڭ يېنىغا باردىم، قارىسام بېشىمنىڭ ئۈستىدە چىراقىقا ئوخشاش بۇلۇتلار تۇرۇپتۇ، ئۇ بۇلۇتلار يۇقىرىغا ئۆرلەپ كەتتى، كېيىن كۆرەلمىدىم» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاشۇ پەرىشتىلەر سېنى تىڭشاۋاتقان ئىدى، ئەگەر سەن ئوقۇۋەرگەن بولساڭ تاڭ يورىغاندا ئۇلارنى كىشىلەر ئوچۇق كۆرەتتى» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچىسى خورما قۇرۇتۇپ ساقلايدىغان جايدا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى، ئېتى يېنىغا باغلاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئوغلى يەھيا ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇ قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئېتى تۇيۇقسىز ئۈركۈپ كەتتى، قۇرئان ئوقۇشتىن توختىسا ئېتىمۇ جىم تۇردى، قۇرئان ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرىۋىدى، ئېتى يەنە ئۈركۈپ تۇرالمىدى، بۇ ئارقىمۇ-ئارقا ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى، ئۇسەيد ئېتىنىڭ ئوغلىنى دەسسىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ قۇرئان ئوقۇشنى توختاتتى ۋە ئاتنىڭ ئۈركۈپ تۇرالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن ئاتنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۈستى تەرەپتە ئارىسىدا چىراقلاردەك نەرسىلەر بولغان بۇلۇتتەك نەرسىنى كۆردى، ئۇ نەرسە ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ كېتىپ، كېيىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، ئۇسەيد ئەتتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ كېچىدە بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بىلدۈرۈپ، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەملىكىنى كۈچەيتىپ: «ئىبنى ھۇدەير!ئوقۇغىن» دەپ ئۈچ قېتىم تەكىتلىدى، يەنى: مۇشۇنداق ئاجايىپ ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغىن، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە ھەرگىزمۇ ئوقۇشنى توختاتمىغىن، بەلكى بۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ كاتتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغىن دېدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىشنىڭ سەۋەبىدىن خەۋەر

بېرىپ: «ئاشۇ كۆرۈۋاتقان چىراقتەك نۇرلار قۇرئان تىڭشاۋاتقان پەرىشتىلەر، ئەگەر سەن قۇرئان ئوقۇشنى تاڭ يورىغۇچە داۋاملاشتۇرغان بولساڭ ئەتىگەندە كىشىلەر پەرىشتىلەرنى ئوچۇق كۆرەتتى» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10552